# شىنجاڭ گېزىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش
نومۇرى: CN 65 — 0002 / Z
(ۋەكالەت نومۇرى: 1 — 57)
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان ئالتە بەت)

新疆日报
（维文）


1996 - يىل
سېنتەبىر
28
شەنبە


## ئاخباراتچىلىق - پارتىيە ھاياتىنىڭ بىر قىسمى

### جياڭ زېمىن «خەلق گېزىتى» ئىدارىسىنى كۆزدىن كەچۈردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 26 - سېنتەبىر تېلېگراممىسى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن بۈگۈن «خەلق گېزىتى» ئىدارىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى:تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدىكى جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقى پارتىيىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، زورىيىشى، خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، مۇستەھكەملىنىشى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، قۇدرەت تېپىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. جامائەت پىكرى يۆنىلىشى توغرا بولسا، پارتىيە ۋە خەلق بەختىيار بولىدۇ. جامائەت پىكرى خاتا بولسا پارتىيە ۋە خەلق كۈلپەت چېكىدۇ.

جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: پارتىيىنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى پارتىيە بىلەن ھەر ۋاقىت بىللە بولىدۇ، ئۇ پارتىيە ھاياتىنىڭ بىر قىسمى. شۇڭا جامائەت پىكرى خىزمىتىنى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك خىزمەت دېيىشكە بولىدۇ. پارتىيىمىز شۇنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدىكى، ئاخبارات جامائەت پىكرىگە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقى چوقۇم ماركسىزمغا سادىق، پارتىيىگە سادىق، خەلققە سادىق كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك؛ ئاخبارات جامائەت پىكرى ئورۇنلىرى چوقۇم، قەتئىي توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشنى بارلىق خىزمەتتە 1 - ئورۇنغا قويۇشى، توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى لازىم. ئاخبارات جامائەت پىكرى خىزمىتىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدەش، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا بويسۇنۇشى ۋە مۇشۇ ئومۇمىيلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. بۇ نۇقتىدا ھەرقانداق ۋاقىت مۇجمەل تونۇشتا بولۇشقا، ئۇنىڭدىن ...



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى دىڭ گۇەنگېن قاتارلىق كىشىلەر 9 - ئاينىڭ 26- كۈنى «خەلق گېزىتى» ئىدارىسىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم گېزىتخانىنىڭ مۇھەررىر، مۇخبىر ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى

ئېيتتى ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى. ئاندىن گېزىت ئىدارىسى باسما زاۋۇتىنىڭ رەڭلىك بېسىش سېخى، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كېچىلىك سىمىنا ئىشخانىسى، لازېر نۇرلۇق فوتو نابور سېخى ۋە كومپيۇتېردا سانلىق مەلۇمات تېپىش سىستېمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

جياڭ زېمىن بېسىش سېخىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. كېچىلىك سىمىنا ئىشخانىسىدا، كېچىلىك سىمىندىكى مۇھەررىرلەردىن خىزمەت خاراكتېرى، خىزمەت تەرتىپى، خىزمەت ئۇسۇلى، كېچىلىك سىمىندىن چۈشكەندىن كېيىن ... ئۇخلىيالمايدىغانلىقىنى سورىدى ھەم ئۇلاردىن ...

*

... كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى، مەملىكەت بويىچە 1 - چوڭ گېزىت. «خەلق گېزىتى» نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تىلى بولۇپ كەلدى، پارتىيە مەركىزى ...

*

*

## شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەپتىش مەھكىمىسى كوللېكتىپ 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى

### شىنجاڭ ھەربىي رايونى داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ تەبرىكلىدى

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز دىلشات مۇھەممەتسىيىت، يارمۇھەممەت موللاخۇن خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭ ھەربىي رايونى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، «1 - ئاۋغۇست» ھەربىيلەر كۇلۇبىدا داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ خاتىرىگە ئېلىنغانلىقىنى تەبرىكلىدى. يىغىنغا لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، قوشۇمچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى فۇبىڭياۋ، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، قوشۇمچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى جۇيۇگشۇن، مۇئاۋىن سىلىڭيۈەن قۇربان ئەرشىدىن، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى روزى ھوشۇر، لىي شىنپىڭ، جاڭ جېپىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە ھەربىي رايون ئورگىنى، بىۋاستە قاراشلىق قىسملاردىن بولۇپ 1100 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر، ئەسكەر قاتناشتى.

يىغىندا جۇيۇگشۇن مۇھىم سۆز قىلدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي رايون تەپتىش مەھكىمىسىنى 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ خاتىرىگە ئالغانلىقى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭلا شان-شەرىپى بولۇپ قالماستىن، يەنە شىنجاڭ ھەربىي رايون ئورگىنى ۋە قىسىملىرىدىكى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭمۇ شان - شەرىپى.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىدىكى يولداشلار خىزمەت ئورنىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشۇپ، ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ مۇقىم بولۇشى قىسىملارنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. 1993 - يىلدىن بۇيان، تۈرلۈك دېلودىن 83 نى بىر تەرەپ قىلىپ، قىسىملارنى 6 مىليون 580 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى.

## جۇشىگتاۋ ئاپتونوم رايونىنىڭ نازارەت، ئىدارە پارتكوم (گۇرۇپپا) شۇجىلىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى باشلىقلىرى يىغىنىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:

## مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۆرۈشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرايلى

ئۆز مۇخبىرلىرىمىز نۇرىيە ئىمامنىياز، مۇنەۋۋەر ئابدۇرېشىت خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مۇشۇ ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونىنىڭ نازارەت، ئىدارە پارتكوم (گۇرۇپپا) شۇجىلىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى باشلىقلىرى يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئالدىنقى توققۇز ئايلىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، كېيىنكى ئۈچ ئايلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جۇشىگتاۋ سۆز قىلدى.

قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە تېخىمۇ چوڭ نەتىجە قازىنىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، «يەنىمۇ پۇختا، يەنىمۇ چوڭقۇر، يەنىمۇ ئۈنۈملۈك» بولۇش نىشانىغا يېتىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، پارتىيە گۇرۇپپىلىرى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆيلەرنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى پۇختا تاماملىشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆي سېلىش، ئۆي سېتىۋېلىش، ئولتۇراق ئۆيىنى بېزەشتە ئۆز كەمچىگە چوغ تارتىش، مەسىلىسى ...



# 40 يىللىق تىرىشچانلىقنىڭ پارلاق نەتىجىسى

## — شىنجاڭ ئېلېكتر قۇراشتۇرۇش شىركىتىگە بېغىشلانغان مەخسۇس بەت

## قۇياش تەڭرىتاغدىن كۆتۈرۈلدى

شىنجاڭ ئېلېكتر قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى **خالىق دىبېك**



دىرېكتور خالىق دىبېك

40 يىللىق تارىختا ئىگە شىنجاڭ ئېلېكتر قۇراشتۇرۇش شىركىتى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە جانلىنىپ، مول نەتىجە قازاندى. نەچچە ئەۋلاد قۇراشتۇرغۇچىلىرىمىز شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر سانائىتى تارىخىدا ئۆچمەس سەھىپە قالدۇردى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر سانائىتى ئارقىدا ئىدى، 1949- يىلى شىنجاڭدىكى گېنېراتورلارنىڭ سىغىمى 1000 كىلوۋاتقىمۇ يەتمەيتتى؛ ...

ئۆتتى؛ 1995- يىلى ھەر ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمى 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ئىشچى- خىزمەتچىلىرىمىز شۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇكى، شىركىتىمىز 1985- يىلى قۇراشتۇرغان ئۈرۈمچى 2 - ئېلېكتر مەنبەسىنىڭ 50 مىڭ كىلوۋاتلىق ئىككى گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەتلىك قۇرۇلۇش مۇكاپاتىغا، ئېلېكتر مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېرىلگەن «تۆھپىكار ئورۇن» دېگەن نامغا، غەربىي شىمال ئېلېكتر ئىدارىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن «ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. شىركىتىمىز 1994 - يىلى قۇراشتۇرغان ئۈرۈمچى 3- ئېلېكتر مەنبەسىنىڭ 100 مىڭ كىلوۋاتلىق ئىككى گېنېراتور گۇرۇپپىسىدىن بىرى «نۇقسانسىز قۇرۇلۇش» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى، بىز قۇراشتۇرغان بۇ ئىككى گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئىككى يىل ئىشلىگەندىن كېيىن يېقىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارمىقى، غەربىي شىمال ئېلېكتر ئىدارىسى ۋە ...

قۇرۇلۇش قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈنۈمگە سەل قارايدىغان كونا قاراشتىن قول ئۈزۈپ، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە تىرىشىپ لايىقلاشتى؛ ئىككىنچىدىن، بازار رىقابىتىگە قاتنىشىپ، باشقا تارماقلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددە ئېلىپ ئىشلىدى؛ ئۈچىنچىدىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى، تېخنىكا تەرەققىيات مېخانىزمى، ئىختىساسلىق خادىملار رىقابىتى مېخانىزمى، پايدا تەقسىماتى مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئەمگەك، كادىر، مائاش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈملىرى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، كادىرلارنى تەكلىپ قىلىش، ئىشچىلارنى توختاملىق ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغىدى؛ تۆتىنچىدىن، بىخەتەرلىكنى ئاساس، سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى توپ مەقسەت، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىپ، ساپاسى يۇقىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈپ، بازار تاپتى ھەم بازارنى مەھكەم ئىگىلىدى؛ بەشىنچىدىن، ...

## مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ماددىي مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردۇق

شىنجاڭ ئېلېكتر قۇراشتۇرۇش شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى **ئىبراھىم ئىسمائىل**

شىركىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان شىركەتنىڭ نەچچە نۆۋەتلىك پارتكومى ئېلېكتر ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە باشتىن ئاياغ چىڭ تۇردى، بولۇپمۇ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيى ۋە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش جەريانىدا شىركىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۈنۈملۈك خىزمەت ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ چىقىپ، كارخانىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

تەشكىلىي ئاپپارات بارلىققا كەلدى. بۇ تەشكىلىي ئاپپاراتنىڭ خادىملىرى خېلى يىللاردىن بۇيان پارتىيە ۋە خەلق ئىشىغا سادىق بولۇپ، بىجانىدىل ئىشلەپ، شىركىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

**2. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا قۇرۇش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى.**

شىركىتىمىز «شىركەتنىڭ 1996 - ، 1998- يىللىق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پىلانى»نى تۈزۈپ، كېيىنكى ئۈچ يىللىق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى، يېتەكچى ئىدىيىسى، فاڭجېن، پرىنسىپلىرى، مۇھىم ۋەزىپىسى ھەم سىياسەت، تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۈچ يىللىق خىزمەتنى ئاساسقا ئىگە قىلدى.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىي ئىشلەشكە ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈندى. شىركىتىمىز «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش، تەپسىلىي پرىنسىپى»نى تۈزۈپ، چىققاندىن كېيىن، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ...

بېرىلدى ۋە مۇكاپاتلاندى، ئۆلچەمگە يېتەلمىگەنلەرنىڭ «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دېگەن نامى ئېلىپ تاشلاندى ياكى باشقا جازالار قوللىنىلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى يىل ئاخىرىدىكى ئىلغارلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشنىڭ بىر شەرتى قىلىندى.

**3. مەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيىسى كۈچەيتىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلدى**

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىلدى: 1) «دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى»، «قارار»، «پارتىيە نىزامنامىسى» ۋە باشقا ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسانتلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بولۇپمۇ ياشلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، كوللېكتىۋىزم تەربىيىسى، قانۇن تەربىيىسى، پارتىيە دەرسى ...

